مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

# يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى تەڭشەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالدىن قوللاش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى تەڭشەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالدىن قوللاش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزىدىن ئېلىش، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى، يېزىغا ئىشلىتىش» تەلىپى بويىچە، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش پايدىسىنى شەھەر - يېزىلارغا تەقسىملەپ بېرىش ئەندىزىسىنى تەڭشەپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئالدىن كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش، پائال، پۇختا بولۇپ، باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى خىزمەت پىرىنسىپى قىلىپ، «14 - بەش يىل»نىڭ 1 - يىلىدىن باشلاپ، ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)لەر يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى يىلغا بۆلۈپ مۇقىم ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ «14 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)نى بىرلىك قىلىپ ھېسابلاپ، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش پايدىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى 50%تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش كېرەك.

«پىكىر»دە بەش تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىر كۆرسىتىلدى:

بىرىنچىدىن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)لەر تەۋەلىكىدىكى شەھەر، ناھىيەلەرگە پەرقلىق ھېسابلاپ ئېلىش ئۆلچىمى بېكىتسە بولىدۇ، مەركەز ئەمەلىي چىقىم ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)لەرنىڭ يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىش نىسبىتىنىڭ تەلەپكە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى باھالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئالاقىدار سىياسەتلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەرقايسى جايلار يەر باشقۇرۇش قانۇنى قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن - نىزام ھەم سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمى ۋە پايدىسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، شەھەر، ناھىيەلەردە قالدۇرۇپ ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغان، مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك مۇۋاپىق بىرتۇتاش پىلانلايدىغان مەبلەغ تەڭشەش مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك. يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىدىن يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنى ئاساسلىقى شەھەرلىك، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ، مۇھىم نۇقتا ناھىيە دەرىجىلىككە مايىللاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە مەبلەغنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. مەركەز مالىيەسى داۋاملىق ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بەلگىلىمە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ 20%نى، يېڭىدىن كۆپەيگەن قۇرۇلۇش يېرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققىنىڭ 30%نى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مايىللاشتۇرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىدىن يېزا ئىگىلىكى، يېزىغا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىدىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا قارىتىلغان سېلىنمىنى ھەقىقىي كۆپەيتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىدىن يېزا ئىگىلىكى، يېزىغا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنىڭ ھېساباتىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن كېلىپ چىققان تەننەرخ چىقىمىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)لەر 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن كونكرېت تەدبىر تۈزۈشى ھەم مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا يوللىشى كېرەك.

مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىم - چىقىمنى باشقۇرۇشنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىم - چىقىم ئۇچۇر سۇپىسى قۇرۇپ، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، تۇتۇپ قېلىش، ئىگىلىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش ھەمدە يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش تەننەرخىنى ساختا كۆپەيتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزا سېلىنما مەبلىغىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىمىز. تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، تولۇق غەيرەت بىلەن مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

شىنجاڭ داشۆ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىدىكى ئالىي مەكتەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەن «دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئېغىر مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، دىققەتنى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىشنى نىشانلىشى كېرەك»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. شىنجاڭ داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ شيەنبى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى قەتئىي كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دىققەتنى ئېنېرگىيە بايلىقى، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ساھەلەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قوللىنىشچان ئۇل تەتقىقات ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چۆرىدەپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلارنى نىشانلاپ، دىققەتنى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ھاسىلىي ئېنېرگىيە قاتارلىق پەن - تېخنىكا ئالدىنقى سېپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 80 - باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى يىن جيې مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، جەمئىيەت مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك» دەپ تەلەپ قىلدى، بۇ بىزنىڭ مەكتەپ ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى تۈپ مىزان. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نۆۋەتتە، مەكتىپىمىزدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يېتەكچى قىلىنغان «كۆڭۈللۈك مائارىپ» سۈپەتلىك ماركا خاسلىقىنى شەكىللەندۈردۇق. بۇنىڭدىن كېيىن دەرس بايلىقىنى تىرىشىپ قېزىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسخانىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە تەربىيەسىنى ئوقۇتۇش، تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇپ، مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش داۋامىدىكى رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرىمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ ھۆكۈم قىلىنىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش قاتتىق ۋەزىپىسىگە توغرىلىنىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، كۈچەپ ئۇزۇن تالالىق پاختا قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتى، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەمىنات - سودا ئۇيۇشمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا ئەمەلىي تەدبىر چىقىرىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى بېجىرىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ سۈپەتنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە ئۆزگىرىشىگە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات قەدىمىنى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى دەۋردىكى يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى كۈچلۈك سىياسىي ۋە تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.



**10 مىڭ مو كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى**

**9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئېمىل يېزىسى كوك جايداق كەنتىدە تېرىلغان 10 مىڭ مو كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى.**
☐ ۋېن بو فوتوسى

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىر كەنت قىياپىتى ئۆزگەردى، كەيپىيات بارغانسېرى ياخشىلاندى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. «بازىرىمىزدىكى ياشلار يەنە رادىيو پىروگراممىسى ‹قاراساي ئاۋازى›نى ئاچتى، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى، قانۇن - نىزام قاتارلىقلار تارقىتىلىدۇ، يەنە ئەتراپىمىزدىكى ئۈلگىلەرنىڭ ھېكايىسى ئاڭلىتىلىدۇ، مەن نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالدىم» دېدى ئارزۇگۈل.

مەنىۋى ئوزۇق ئالغان ھەر مىللەت ئاما يېپيېڭى قىياپەتتە جاسارەت بىلەن تەرەققىي قىلماقتا.

## ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يېتەرلىك بولدى

«ئارزۇگۈل مۇدىر، سىز مېنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ بېقىڭ، يېقىندىن بۇيان مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلى سەۋىيەمدە ئىلگىرىلەش بوپتىمۇ - يوق؟» 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل بازىرى قۇرباغ كەنتىدىكى دەرسخانىدا، كەنت ئاھالىلىرى بەس - بەستە كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ئارزۇگۈل قۇربانىيازدىن تەلىم ئېلىۋاتاتتى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، ئارزۇگۈل تېخى دۆلەت ئورتاق تىلىدا سۆزلىيەلمەيتتى.

«بالام تاپشۇرۇق ئىشلىسە، دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى ئوقۇسا، مەن پەقەتلا يېتەكچىلىك قىلالمايتتىم.» ئارزۇگۈل دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان، 2016 - يىلى، كەنتتە دۆلەت ئورتاق تىلى تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلغاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتقان. ئۇ يەنە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۈن - سىن ئۆگىنىش ماتېرىيالى، كارتون فىلىم دىسكىسى سېتىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ، بىر تەرەپتىن ئەگىشىپ ئۆگەنگەن.

تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئارزۇگۈل خىزمەت ئەترىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، زاپاس كادىر قاتارىدا تەربىيەلەنگەن. ئۇ يەنە كەنتتىكى ئاياللارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلانغان. «مەن كىشىلىك ھايات يولۇمنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ھېس قىلدىم» دېدى ئارزۇگۈل.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەت بىلىمنى ئاشۇرۇش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە كەڭ تەربىيەلەش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئەمگەك ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يىلدا تەربىيەلەنگەن ئادەم سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 451 مىڭ 400 ئادەم قېتىمغا يەتتى. تەربىيەلىنىشكە قاتناشقان ئادەملەر ئاز دېگەندىمۇ بىر تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلىدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، كەسپىي ماھارەت دەرىجە گۇۋاھنامىسى ياكى مەخسۇس تۈردىكى كەسپىي ئىقتىدار گۇۋاھنامىسى ئېلىپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى.

## يېڭىچە دېھقانلار كۆپەيدى

يۇرتداشلارغا بىۋاستە كۆرسىتىپ مال سېتىش ماھارىتى، يېڭى ئورالما لايىھەلەش، تور دۇكىنى ھەۋەسكارلىرىنى كۆپەيتىشنى ئۆگىنىش... بۇ بىرنەچچە كۈندە، قەشقەر يېڭىيارىن ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئاناخېنىم ئەلى ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئاناخېنىم پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ بارىن بازىرىدىن بولۇپ، ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە كىرىمى مۇقىم خىزمىتى بار ئىدى.

«2013 - يىلى يۇرتقا قايتىپ تۇغقان يوقلىغاندا، مەن يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىشنىڭ بەك چوڭلۇقىنى، ناھايىتى كۆپ تەرەققىيات پۇرسىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم.» ئاناخېنىم يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئىشنى يېڭى مېۋىلەرنى سېتىشتىن باشلىدى، ئاندىن كەنت ئاھالىلىرىگە بىۋاستە كۆرسىتىش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مال ساتقۇزدى.

ئاناخېنىم يەنە كەسپىي بىۋاستە كۆرسىتىش رىياسەتچىلىرىنى تەربىيەلەپ، دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندا بىۋاستە كۆرسەتتى. «مەن بارلىق ئىقتىدارىمنى ئىشقا سېلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا تەجرىبىلىرىمدىن كۆپچىلىكنى تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىمەن» دېدى ئاناخېنىم.

مۇشۇ ئىككى يىلدا، ئاناخېنىمغا ئوخشاش مۇشۇنداق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋاستىچىلىرى، يېزا بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرغۇچىلارنى تەربىيەلەش باشلامچىلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. ئالاقە تورى يېزىلاردىكى «كۈن چىققاندا ئىشلەيدىغان، كۈن پاتقاندا ئارام ئالىدىغان» ئەنئەنىۋى شەكىلنى تېز ئۆزگەرتتى.

ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىلگىرى چەت، يىراق بولغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى، توسالغۇ ۋە ئارىلىق قالمىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدا، ئېتىز باشلىرىدا، بارغانسېرى كۆپ كىشى ئاناخېنىمغا ئوخشاش تور بىلەن ھەپىلىشىدىغان «يېڭى دېھقان»غا ئايلاندى. كۆڭۈللەر يورۇدى، قىياپەت ئۆزگەردى، تۇرمۇشمۇ زامانىۋىلاشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)